ЖАҢА ӨМІР

# يېڭى ھايات

ЙЕҢИ ҺАЯТ

1993 ژىل
3-ئاپرېل
شەنبە
№ 13
(3667)

ئانا يۇرتۇڭ
ئامان بولسا،
رەڭگى-روييۇڭ
سامان بولماس

گېزىت 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي ھەپتىلىك گېزىت

## ئىتالىيە ژۇرنالىغا ئىنتېرۋيۇ بەردى

بىز دۇنيا جەريانلىرىنىڭ قاجرالماس بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ دۇنياۋىي ئىختىسادىي بوشلۇقتا چارىسان كىرىشىنى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى دەپ بىلىمىز. قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئىتالىيەنىڭ «ئېكوس» ژۇرنالىغا بەرگەن ئىنكاسىدا ئەينە شۇنداق دەپ بىلدۈردى.

ئېنى دولەت يېقىلغۇ كونتسېرنىنىڭ ئورگىنى بولغان «ئېكوس» ئايلىق ژۇرنالى ژۇرنالخانلارغا قازاقستانغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان چىقاردى. ژۇرنال قازاق، رۇس، ئىتالىيەن ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا چىقىرىلدى.

ن. نازاربايېۋ ژۇرنال رېداكسىيەسىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، قازاقستان ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بارلىق ئەرسىگە ئېگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئۇلار، بىرىنچىدىن، قازاقستان ناھايىتى چوڭ خام ئەشيا، سانائەت، يېزا ئېگىلىگى ۋە كادىرلار پوتېنسىيالىغا ئېگە. ئىككىنچىدىن، جۇمھۇرىيەتتە تۇراقلىق ۋە ئىجادىي سىياسىي ۋەزىيەت موجۇت. ئۇ بازار ئىختىسادىي ئىسلاھاتلىرىنى ئاكتىۋ ژۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىگىنىڭ ئېگىلىكنى ژۈرگۈزۈشنىڭ بازار ئىختىسادى شەكلىگە كۆچۈشنىڭ زورۇرىيىتىگە ئېنىق ئىشەنچىسى دۇر.

ن. نازاربايېۋ ئىسلاھاتلار پروگراممىلىرىنى قانۇنىي جەھەتتىن تەمىنلەش، ئەركىن رىقابەتچىلىكنى رەغبەتلەندۈرۈش، كارخانىلارنى دولەت قارىمىغىدىن ئېلىش ۋە خۇسۇسىلاشتۇرۇش بويىچە چارىلەر توغرىلىق ئېيتىپ بەردى. بىز چەت ئەل ئىنۋېستىسىيەلىرىنى ھەل قىلىش، تاشقى ئىختىسادىي پائالىيەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى توغرىلىق قانۇنلارنى قوبۇل قىلدۇق. ئۇلار چەت ئەل ئىنۋېستورلىرى ئۈچۈن خېلە قولايلىق شارائىتنى تەمىنلەيدۇ، دېدى پرېزىدېنت.

(تاسس— قازتاگ).



## «يېڭى ھاياتقا» يېزىلىشقا ئالدىراڭلار!

ئەسلى ئۇيغۇر يېزىغىدا، مۇقەددەس ئانا تىلىڭىزدا چىقىدىغان «يېڭى ھاياتقا» 1993— ژىلنىڭ 2— يېرىمىغا مۇشتىرى توپلاش باشلاندى.

**موشۇ ئاپرېل ئېيى ئىچىدە** ئوز ئىختىيارىڭىز بىلەن «يېڭى ھاياتقا» ئوۋەندىكى كۇپونسىيەنى تولتۇرۇپ، ئوزىڭىز تۇرۇۋاتقان يەردىكى ئالاقە بولۇمىگە يولۇقۇپ، مۇشتىرى بولۇۋالسىڭىزلا ھەپتىلىك گېزىتىڭىز قۇتلۇق خانىڭىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇتلۇق قەدىمى ئائىلىڭىزگە قۇت- بەخت، سائادەت بېغىشلىغاي! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چارەك ئەسىرلىك سادىق دوست، خالىس مەسلىھەتچىڭىز «يېڭى ھاياتقا» بىزنىڭ ئويىڭىزگە بېرىشىمىزنى كۈتمەي، ئوزەڭلار «سويۇزپېچاتقا» بېرىپ يېزىلىشقا ئالدىراڭلار!

«يېڭى ھاياتنىڭ» 2— يېرىم ژىللىق باھاسى قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پۇخرالىرى ئۈچۈن 410سوم.

گېزىتنىڭ ئىندېكسى— 65359.

## ئالىي كېڭەش سېسسىيەسىدە

30— مارت كۈنى ئالمۇتىدا ئەتگەنلىكى سائات 10دا پارلامېنت ئويىدە ئالىي كېڭەشنىڭ نۆۋەتتىكى ئونىنچى سېسسىيەسى ئىشىنى باشلىدى.

ئالىي كېڭەش رەئىسى سېرىكبولسىن ئەبدىلدىن پارلامېنتارىيلارغا كىرىشمە سوز بىلەن مۇراجەت قىلدى.

بۇ سېسسىيەنىڭ مارت ئېيىدا چاقىرتىلىشى دېدى ئۇ، ھەممىدىن ئاۋال ھۆكۈمەت ژۈرگۈزۈۋاتقان ئىختىسادىي ئىسلاھاتنى قوشۇمچە قانۇنىي جەھەتتىن تەمىنلەش زورۇرىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى. دېپۇتاتلارنىڭ دىققىتىگە بانك ۋە سېلىق سىستېمىسىنى، جۇمھۇرىيەتتە ۋاليۇتىنى تەڭشەش ئاساسلىرىنى تۈپ- ئاساسىدىن ئۆزگەرتىش بويىچە قانۇن لايىھىلىرىنىڭ پاكېتى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. مۈلۈك، خۇسۇسىلاشتۇرۇش، كارخانىلار توغرىلىق قانۇنلارغا ۋە بىر قاتار باشقىمۇ قانۇنلارغا خېلە چوڭ تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش كوزدە تۇتۇلۋاتىدۇ. ئاگرار- سانائەت كومپلېكسىغا كرېدىت بېرىش مەسىلىلىرىمۇ پرىنسىپال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دەپ داۋاملاشتۇردى سوزىنى پارلامېنت رەھبىرى، مۇستەقىل دولەتلەر ھەمدوستلۇغىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت، قازاقستاننىڭ ئاكتىۋ تاشقى سىياسىي پائالىيىتى مەزكۆر سېسسىيەدە بىر قاتار دولەتلەر ئارا كېلىشىملەرنى ۋە خەلىق ئارا ھوقۇق-ھوججەتلىرىنى قاراپ چىقىشنى ۋە قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

* * *

31— مارت كۈنى ئالىي كېڭەش سېرىكبولسىن ئەبدىلدىننىڭ رەھبەرلىگىدە سېسسىيەدە ئىككىنچى ئوقۇشىدا قويۇلغان سۇ نىزامنامىسىنى ماددىلار بويىچە قوبۇل قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئاگرار مەسىلىلەر ۋە ئوزۇق- تۈلۈك بويىچە كومىتېتنىڭ رەئىسى يۈردى ئىلەششىنو دېپۇتاتلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى. نىزامنامە پارلامېنتارىيلارنىڭ پىكىرلىرىنى ھېساپقا ئېلىپ قوبۇل قىلىندى.

سېرىكبولسىن ئەبدىلدىن سېسسىيەدە قارىلىدىغان بارلىق قانۇن لايىھەلىرى بويىچە قارارلار جۇمھۇرىيەتنىڭ يېڭى كونستىتۇتسىيەسىگە مۇۋاپىق كېلىشى، ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشى لازىملىغىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ھازىر شۇنداق ۋەزىيەت قېلىپلاشتىكى، قايتا قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قانۇن ۋىلايەتلىك كېڭەشلەرنىڭ سېسسىيەلىرىدە قارالدى، جايلاردا مۇھاكىمە قىلىندى. ئۇنى سوزمۇسوز ئەمەلگە ئاشۇرۇش بويىچە چارىلەر بەلگۈلەندى.

(قاز تاگ).

СП-1

Байланыс министрлігі Министерство связи

АБОНЕМЕНТ газетке / на газету / журналға / на журнал

65359
Басылым индексі / индекс издания

«Йеңи һаят»

Комплектілер саны / колич. ком.

1993 жылға, айлары на 1993 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | X | X | X | X | X | X |

Қайда / Куда
(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому
(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

ДОСТАВОЧНАЯ КАРТОЧКА
ТАСЫМАЛДАУ КАРТОЧКАСЫ

| ПВ / ПВ | орны / место |
|---|---|
| | |

газетке / на газету / журналға / на журнал

65359

«Йеңи һаят»

| Бағасы / стоимость | жазылу / подписка | 410 сом 00 т. / руб — к | комплектілер саны / количество комплектов |
|---|---|---|---|
| | адресін өзгерту / переадресовка | 410 сом 00 т. / руб 00 к. | |

1993 жылға, айлары на 1993 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | X | X | X | X | X | X |

Қайда / Куда
(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому
(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

قىيىۋېلىپ، پايدىلىنىڭ!

# ھايات تەلىۋى شۇنداق...







ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئالمۇتا شەھەرىدىكى كوپلىگەن ئىشلەپ چىقىرىش كارخانىلىرى ئاكسىونېرلىق جەمىيەت بولۇپ ئۆزگەرتىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى خېلىلا ياخشىلىدى. مانا شۇنداق كارخانىلارنىڭ قاتارىغا «مېربې» مېبېل ئىشلەپ چىقىرىش بىرلەشمىسىمۇ كىرىدۇ. يېقىندا بىز موشۇ بىرلەشمىنىڭ بىرىنچى سېخىدا بولۇپ، سېخ باشلىقى مومۇنېك مىرزىگۇل ئوغلى ئاسرووۋقا يولۇقۇپ، ئۇزى باشقۇرۇۋاتقان سېخ پائالىيىتى ھەققىدە ئېيتىپ بېرىشنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ مۇنداق دېدى:

– بىزنىڭ مەھسۇلات تەييارلاش سېخى 1992– ژىلى مارت ئېيىدىن باشلاپ ئاكسىونېرلىق جەمىيەت بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. سېخ كوللېكتىۋىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۇيغۇرلار، قازاقلار، رۇسلار تەشكىل قىلىدۇ. يۈزدىن ئوشۇق ئادەمنىڭ بېشىنى قوشقان مەزكۇر سېخنىڭ ئىناق كوللېكتىۋى ئاساسەن «ئاسىل»، «ئارمان» جەھازىلىرىغا، شۇنداقلا «شالقار»، «مېدېۋ» دىۋانلىرىغا كېرەكلىك قىسىملارنى تەييارلاشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ستېنكىنى ئالايلى، ئۇنىڭ ئىشكىلىرىنىڭ چورىسىگە قېقىلىدىغان نەقىشلىق ئۇششاق رېيكىلارنى، ئەندى دىۋانلارغا بولسا پۇتلارنى ياسايمىز. بىرلەشمە ئاكسىونېرلىق جەمىيەتكە ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىمىزمۇ، ئىش ھەققىمىزمۇ ياخشىلاندى. ئاكسىونېرلىق جەمىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى شۇنىڭدىكى بىرلەشمە تولۇغى بىلەن بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا ئۆتتى. چۈنكى بىزنىڭ قانچىلىك مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىشىمىز، چەت ئەللەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشىمىز ئۆزىمىزگە باغلىق. قىسقىسى، بىرلەشمىمىزنىڭ كېلەچەك تەغدىرى ئۆزىمىزنىڭ قولۇمىزدا. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، بىرلەشمە ئاكسىونېرلىق جەمىيەتكە ئۆتكەندىن كېيىن بىز مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىشنى ئۆتكەن ژىللاردىكىدىن كام بەرمىدۇق. ئۇنىڭ ئەۋزەللىكنى ياخشى چۈشەنگەن سېخ ئىشچىلىرى مەھسۇلات سۈپىتىنى كۆندىن– كۈنگە ياخشىلاپ، ئىش نورمىلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىماقتا. ھازىر ھەر بىر ئىشچى 40 مىڭ سومدىن ئاشۇرۇپ مائاش ئالىدۇ.

ئۇمۇمەن، بىرلەشمە ئاكسىونېرلىق جەمىيەت بولۇپ ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئىشتا ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. چۈنكى بۈگۈنكى ھايات شۇنى تەلەپ قىلماقتا.

**سۈرەتلەردە: 1. ئىشچى ئەخمەتجان ئىسلاموۋ. 2. برىگادىر ئايدار ساغىموۋ، گېننادىي ئۇخىن. 3. م. تۇردىيېۋا، ۋ. ئورسېيتوۋا، غ. باياقتىيېۋا.**

**ن. قىزاتوۋ چۈشەرگەن سۈرەتلەر.**

# بىر كەسىپتە 30 ژىل

قەھرىمان ئانايەتوۋ ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ چوڭ دېخان يېزىسىدىن. ئۇنىڭ گودەكلىك ۋە ئوسمۇرلۇك ژىللىرى مۇدھىش ئۇرۇش ژىللىرىغا توغرا كەلدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى كېچىكىپ، يەنى 1958– ژىلى ئۇتتۈگىتىشكە سەۋەپ بولدى. ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا بېرىشقا شارائىت يار بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسى ئانايەت ئۇرۇشقا كېتىپ، قايتىپ كەلمىدى. ئائىلىنىڭ پۈتكۈل ئېغىرچىلىقى باللارنىڭ چوڭى قەھرىماننىڭ زىممىسىغا ژۈكلەندى. ئانىسى ۋە ئىنى– سىڭىللىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئۇ كولخوزغا كىرىپ، كېچىنى كېچە دېمەي، ئىسسىق سوغقا ئېتىۋار قىلماي، تىرىشىپ ئىشلىدى.

سەۋرىنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن دېگەندەك، ژىللار ئوتۇشى بىلەن ئىنى ۋە سىڭىللىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى چوڭ بولۇپ، قەھرىمانغا ياخشى يار– يولەك بولۇشقا باشلىدى. ئەتىجەدە ئائىلىنىڭ ئازىراق بولسىمۇ خاتىرجەملىكى قەھرىماننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ساز– نەغمىگە قىزىقىشقا يول ئېچىپ بەردى. كولخوزدىكى سەنئەتخۇمار ياشلارنى ژىغىپ ھەۋەسكارلار ئانسامبلىنى تۈزدى ۋە بوش ۋاقىتلاردا كولخوزچىلار ۋە چارۋىچىلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىپ، كوپچىلىكنىڭ ئىززەت– ھورمىتىگە سازاۋەر بولدى. كوپ ئوتمەي يېزىدىكى مەكتەپ مەمۇرىيىتى ئۇنى ئۆزلىرىگە تەكلىپ قىلىپ، ساز كرۇژوكىنى باشقۇرۇشقا ۋە مۇئەللىملىك قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى.

ق. ئانايەتوۋنىڭ ئۇستازلىق پائالىيىتى ئەينە شۇ چاغدىن 1961– ژىلدىن باشلاندى. 1964– ژىلى بولسا ناھىيەلىك مائارىپ بولۇمى ئۇنى يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە يوتكىدى. بۇ ژىللاردا ئۇ ئالىي بىلىم ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ياخشى ھېس قىلىپ، قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ، جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى مۇۋاپىيەقىيەتلىك تۈگەتتى. مانا شۇندىن بېرى قەھرىمان ئانايەتوۋنىڭ مۇئەللىملىك قىلىۋاتقىنىغا 30 ژىلدىن ئاشتى. ئوتكەن ژىللار ئىچىدە ئۇ ياشلارغا ساپالىق بىلىم بېرىش بىلەن بىللە ياخشى مۇئەللىملەرنىڭ تەجرىبە ئارتۇرۇشىدا يېقىندىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ چوڭ ھورمىتىگە سازاۋەر بولدى.

– ق. ئانايەتوۋ كوللېكتىۋىمىزدا ئوزىنىڭ كىچىك پېئىللىقى، ئادەمگەرچىلىكى ۋە ئۆز كەسپىنىڭ مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە چوڭ ھورمەتكە ئېگە. ئۇ ياخشى مۇئەللىم بولۇش بىلەن بىللە ھورمەتلىك ئاتا، ئۇ ئومۇرىيولداشى كامىلەم بىلەن كوپ بالا ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشتى. ھازىر ئۇلار خەلق ئېگىلىكىنىڭ ھەر خىل ساھالىرىدا ھالال ئەمگەك قىلماقتا.

ت. بېيشا.

# سىز «يېڭى ھاياتقا» يېزىلدىڭىزمۇ؟

**ПРОВЕРЬТЕ ПРАВИЛЬНОСТЬ ОФОРМЛЕНИЯ АБОНЕМЕНТА!**

**На абонементе должен быть проставлен оттиск кассовой машины.**

**При оформлении подписки (переадресовки) без кассовой машины на абонементе проставляется оттиск календарного штемпеля отделения связи. В этом случае абонемент выдается подписчику с квитанцией об оплате стоимости подписки (переадресовки).**

**Для оформления подписки на газету или журнал, а также для переадресования издания бланк абонемента с доставочной карточкой, заполняется подписчиком, чернилами, разборчиво, без сокращений, в соответствии с условиями, изложенными в каталогах Союзпечати.**

**Заполнение месячных клеток при переадресовании издания, а также клетки «ПВ—МЕСТО» производится работниками предприятий связи и Союзпечати.**

# شېئرىيەت سەھىپىسى

ئۇنتۇلغۇسىز بىلەن بىر بولۇمدە ئاق قەغەز، بېتىگە قەلەم چېكىپ ئولتارغان قەلەمدىش، كەسىپداش ئابدۇسەمەت باھاۋۇدۇننى رەھىمسىز ئەجەل ئېلىپ كېتىدۇ دەپ ئەسلا ئويلىمىغان ئىكەنمىز. كۈتۈلمىگەن ئاغرىقتىن ئىككى-ئۈچ ئاي ئورۇن تۇتۇپ، يېتىپ، داۋالىنىۋاتقاندا، «ساقىيىپ كېتىدىغۇ» دەپ ۋۇرۇۋېتىمىز. ئەجەل غالىپ كەلسە، شىرغورانلەك بەستىمۇ كار قىلمايدىكەندە، چارە تاپالمايدىكەنسەندە...

ئەزىز دوستىمىز ئابدۇسەمەتتىن مانا شۇنداق بىمەھەل ئايرىلىپ قالدۇق. دوستلىرى، سىنىپداشلىرى ھەسرەت چەكتۇق. چوڭقۇر ئوي-پىكىرلىك شائىر، ئاق كۆڭۈل كىچىك پېيىل ئىنسان، خەلقىنى، ۋەتىنىنى جان-دىلىدىن سۆيىدىغان ئېسىل مەسلەكدىشىمىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتۇق.

شائىرنىڭ ئۈستەل تارتمىسىدا قالغان قول يازمىلىرىنى ۋاراقلاپ، تېخى سىياسىي قۇرۇمىغان شېئىرلىرىنى، ھېكمەتلىرىنى تەيیارلاۋېتىپ، كۆزۈمگە لىققىدە ياش تولدى...

ئانا ۋەتەن تۇپرىقىدا ياتالمىغىنىڭغا كۆزۈڭ ئوچۇق كەتكەنمىدۇ، ۋەتەندىشىم، يۇرت جۇدالىقى قۇرۇت بولۇپ ئۆپكە-باغرىڭنى ئېشىپ، ژۇرىڭىڭنى چاكچاك كە



لتۇرگەنمىدۇ، قەلەمدىشىم، خوش ئاخىرەتىڭ ئاۋات بولغاي.

مەمنۇن.

## ئۈستەل تارتمىسىدا قالغان قۇرلار

ئابدۇسەمەت باھاۋۇدۇن

### ئانا ساداسى

ياشايمەن شان-شوھرەتغۇلغۇلىدىن ژىراق،
ئوتكۈزۈپ كۈنلەرنى ئوز دەردىم بىلەن.
سوزلەپ ھەسرىتىمنى ژۇلغۇن، ئوت، ئشۇاق،
يەلپۈنەر چوللەردە قەدەم يەتمىگەن.

سىرىم كوپ قېدىمىي خارابىلاردا،
خەزىنەم دۇنياغا كەتكەن تارىلىپ.
غەيرىتىم بار ئۇ تىك مۇنارىلاردا
تەلمۈرگەن پەلەككە ئارزۇمنى ئېيتىپ.

مەن بەخت ئىزدىگەن پەرزەنتلىرىمگە
بولىمەن ھەر سەھەر تەگبىر، دۇئادا.
كۈمۈچتەك ئاقارغان چاچ ھۆرمىتىگە،
تىلەيمەن ئىشىنىپ مېھىر دۇنياغا.

تەگستىمەي «قايماقچى» دەپتۇ بىر مېھمان،
دىلى پاك، تىلى تاتلىق، شوخ قىزلىرىمنى.
ئېگىلىپ ئالدىمغا تېخى ئۇ نادان،
كورۇشكە كېلەر شۇ شاھ قىزلىرىمنى.

ئېگىلىپ ئالدىمغا كەلدى، كەتكەللەر،
تاشمېدى ژۇرىگى سېغىنمايدىغان.

جاھان تېچ بولسىلا ئەي جان-جىگەرلەر،
داۋان يوق قار-مۇزى ئېرىمەيدىغان.

چىقمىدىم جاھاننىڭ ئېكرانلىرىغا،
ئۆتتىدى ئالەممۇ مېنى بىر زامان.
كەلمىدى موجىزە، سويگەنلەر ماڭا،
نېمە بار ئۇلارغا ماختىنىدىغان!

ئالتۇن توپرىقىم ئامان بولسا بەس،
ھەقىقى موجىزە ئەشۇ توپراقتا.
تاغلىرىم بار مەڭگۈ ئەزىز، مۇقەددەس،
پۇتمەس گۈزەللىكنى ئالغان قۇچاققا.

ئالەمشۇمۇل ئۇنۋان، مۇكاپاتلاردىن
مەيلى ژىراق مېنىڭ ئىنجاتكارلىرىم.
ئوتۇپ ئەڭ جاپالىق ئىمتىھانلاردىن،
ياشار ئەل ئىچىدە ئىنجاتكارلىرىم.

قوشۇلۇپ دەۋرىنىڭ زەپەرلىرىگە،
ئاقىدۇ جوش ئۇرۇپ تېخى قۇدرىتىم.
ئىشەنچىم زور مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە،
ياشايمەن شۇلارنىڭ تىلەپ ئامىتىن.

### ھايات ئاشىقى

يولىنىڭ چېتىدىكى ئاپپاق كوتەكتە،
ئولتىرار نۇرانى ئاق ساقال بوۋاي.
ئىللىق سالام بېرەر ئاڭا ئوتكەنلەر،
مۇيسىپىت ئۇزىدە كورۇپ خۇش چىراي.

باش بولۇپ بىر چاغلار ئوتتۇز ژىگىتكە
ئوتكەن ئۇ چوللەردىن بوپ كارۋان بېشى.
سوز ئاچسا ئۇ ئەشۇ ژىللاردىن ئەگەر،
تەلپۈنەر بىر رومان يازماق بوپ كىشى.

ئۇ ئولمەس ئىشلارنىڭ تىرىك گۇۋاسى،
ھايات ئەتەنىسىن كەلگەن ھاپاشلاپ.

ئوتلۇق بىر ئەسىرنىڭ تىرىك يولدىشى
ئەجدات بىزگە بەرگەن بىر ئالتۇن كىتاپ.

ياگرىتىپ ئىلاخۇن كوككۈز ئاخشىسىن،
ئېيتالماس ئۇ بۈگۈن ئەسلەيدۇ پەقەت.
ئەسلەيدۇ ئۇ قانچە ئەلنىڭ ياخشىسىن،
مىڭ ئەپسۇس ياخشىلار قايتمايدۇ ئەبەت.

بەلكى يېتەلمەيمىز بوۋاي قەدرىگە،
ئوتىدۇ ھاياتى ئەشۇنداق يالغۇز.
كورۇنمەس ئۇزىدە ھەسرەت ئاشكارە.
ئۇمۇتتىن قەلبىدە يانار بىر يۇلتۇز.

### ۋەتەن ناخشىسى

(ناخشا ئۈچۈن)

بىز ۋەتەن پەرزەنتلىرى
مەڭگۈگە بىر تىلىمىز.
چېچىلساقمۇ جاھانغا،
بىر تۇتاشتۇر دىلىمىز.

كوپ يېدۇق پۇشماننى بىز،
ئايرىماي دۇشمەننى بىز.
بىر ئەسىردە ئۈچ قېتىم
كوچۇپ بولدۇق ۋەيرانە بىز.

كەت، يوقال، غەپلەت تۈنى
كەل سېغىنغان سۇبھى تاڭ.
نۇر-زىيالىق كۈن تۇغۇپ،
تارقىلار تۇمان-تۇزاڭ...

گۈل سەيلىسى، نۇر سەيلىسى،
ئوخشىغاي ئەرك بايرىمىغا.
ئازاتلىقنىڭ چىن دۇنياسى
قوشقۇسى دىللارنى دىلغا.

### رۇبائىيلار

سەھەردە شوخ قوشلار مىڭ تۇرلۇك سايرار،
ئامراقتۇر قۇياشقا پۈتكۈل جان-جانىۋار.
ئەشۇنداق سەھەرنىڭ پەيزىنى كورمەي،
ئولۇكتۇر شۇ بۇ دەم ئويغانمىغانلار.

* * *

ژىللارنىڭ سوغىسى، شېرىن شاتلىغىم،
ئوسەر ئۈچ پەرزەندىم گوزەل تاتلىغىم.
ئۈچ كوچەت-ئۈچ باغنىڭ باشلانمىسىدۇر،
باھاردەك باغلارغا قايتار ياشلىغىم.

* * *

تاشلىغان ئالماڭغا ئىگىشمىدىم مەن،
ئېگىلىپ لەززەتكە ئېرىشمىدىم مەن.
تىزلىنىپ ئانا يۇرت توپىسىن سويدۇم،
ئۇنى ھېچ بايلىققا تېگىشمىدىم مەن.

* * *

تەلپۈندىم مەنزىلگە، ژۇكۈم بەك ئېغىر،
ئۇنىڭدىن تەن ئەمەس، قەلبىمدۇر يېغىر.

ژىقىلسام ئەل ئارا بىرسى يولەيدۇ،
ئىنساننىڭ ھەممىسى ئەمەس تاش بېغىر.

* * *

تىكەنلەر ياشاشنى گۈلدىن ئۆگەنسۇن،
زالىملار مەرتلىكنى قۇلدىن ئۆگەنسۇن.
كىم ۋەتەن ئىشقىدا كويسە كاۋاپتەك،
ساداقەت، پاكلىقنى شۇندىن ئۆگەنسۇن.

* * *

كەتمىگىن تېپىرلاپ، پايدىنى كورسەڭ،
ياتمىغىن ئاھ ئۇرۇپ، ئامەتنى بەرسەڭ.
مەرتلىكتۇر ھەر ۋاقىت بىر خىل بولغىنىڭ،
بۇ دۇنيا بەش كۈنلۈك، ئوزەڭ بىلسەڭ.

* * *

قارىدەك بىر تۇرلۇك ئاپپاق چېچەكمىغا،
ئېچىلىپ كەلسەمۇ گۈلدەك قىشلىقىغا.
ئومرۇمنىڭ گۈللىرى- شېئىرلىرىمنى
تۇتمەن خىجالەت بولماي قولۇڭغا.

### ماقالىغا مايىل مىسرالار

قانۇننى ئورۇنلىغۇچى بولمىسا، ئۇنىڭ كېرىكىمۇ يوق.

* * *

خوتۇنىڭنى ماختىساڭ بۇزۇسەن،
يۇرتىڭنى ماختىساڭ ئوزۇسەن.

* * *

پاكىز ئايال ھەر دەم ياش كورۇنەر.

* * *

ھورمىتى يوقنىڭ قۇدرىتى يوق.

* * *

يەرگە يامغۇر كېرەك، ئادەمگە مېھىر.

* * *

دانا ئەلگە ئەگىشىدۇ،
ئاخماق- مەنسەپكە ...

* * *

سېخى ئەرگە بېخىل خوتۇن-دوزاختۇر.

* * *

قىلىچ تۇتقان ماختانچاقتىن
ژىگنە تۇتقان ئايال ئەلا.

* * *

نادانغا مەنسەپ تەگسە،
ياخشىلاردىن ئوچ ئالىدۇ.

* * *

نادان ئادەم ئاخماقلارنى ماختايدۇ.

* * *

بولبۇل دەيدىكەن: مەن بىر ئاجىز قۇش،
مېنى سېغىنغان ۋە قارغا ئالدىدا ماختىماڭلار!

* * *

ھورۇنغا دەرەخنىڭ سايىسىمۇ ھارام.

* * *

مۇشتنى قاتتىقتىن قاچما،
دىلى قاتتىقتىن قاچ.

* * *

ئىشتنى بېقىپ يولۋاستەك يوغانىش مۇمكىنۇ،
يولۋاس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.



سېنىڭ سۇمبۇل چاچلارىڭ.
پ. ئەخمەت چۈشەرگەن سۈرەت.

# ئېلىپبە

م ـمـ ـم مـ





م+ا=ما

م+ە=مە

| | | |
|---|---|---|
| مەش | ما-تا | مانتا |
| موم | ما-نا | ماشىنا |
| مەن | ئو-ما | مامۇت |
| نام | مو-ما | مەسۇم |

موما ماننا ئەتتى.

مەسۇم، ئەنە ماشىنا.

ل ـلـ ـل لـ







ل+ا=لا

ل+ې=لې

| | | |
|---|---|---|
| ئال | ئا-لا | ئېلان |
| ئەل | تا-لا | ئالىم |
| تال | ئال-ما | لېنىن |
| مال | سال-ما | ئە لا |

ئالىم، ئالما ئال.

ئەلا، ئالىم، لېنىن

## گېزىتىمىزنىڭ جان كۆيەرلىرى



پاتىگۈل ئەزىزوۋا:

### مەن ئۆزەمنى گېزىتسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن

ھازىرقى موشۇ ئىختىسادىي بوھرانچىلىق، مەلۇم ئوبيېكتىۋ سەۋەپلەردىن كېلىپ چىققان جەمىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. لېكىن مەن ئۈچۈن ئەڭگۈشتەرىم- ھەر شەنبە كۈنى تەقاززالىق بىلەن كۈتىدىغان سويۇملۇك گېزىتىم «يېڭى ھايات» ھازىرقى قىيىنچىلىقلارنى ئۇنتۇشقا كۈچ قۇۋۋەت بېرىدۇ، مېنى ئۆزۈڭدىن ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان، جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل خەلقىمىز تەغدىرىنىڭ كۆپلىگەن چىگىچ مەسىلىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن ئۆز گېزىتىمىزنى ئەزىزلەپ، ھەر سانىنى باشتىن ئاياق ئوقۇپ چىقىپ، ئاندىن بالىلىرىمغا، دوستلىرىمغا ئوقۇپ بېرىشكە ئالدىرايمەن.

خەلقىمىزنىڭ ئىككى كوزى بولغان «يېڭى ھايات» بىلەن «ئۇيغۇر ئاۋازىدىن» باشقا نېمىمىز بار؟ «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالى خوۋۇپ ئاستىغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خېلىغىچە ئۇيقۇم بۇزۇلۇپ، بېشىمغا كەلمىگەن ئويلار كېلىپ كەتتى. لېكىن خەلقىمىز ئۆز گېزىتىنى خار قىلغۇسى كەلمىدى، قول قوشتۇرۇپ تۇرمىدى. بۇ ئادەمنى بەك خوشال قىلىدۇ. ھە، ئاددىي خەلق ئۆز گېزىتىنى چىن دىلىدىن سويىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇنى بىز گېزىتنىڭ ھەر بىر سانىدىكى تەشەككۈر ئېيتىلغان تىزىملاردىن كورۇپ تۇرىۋاتىمىز. لېكىن بەزى قولى قۇرۇق ئەمەس، باشقىلارغا قارىغاندا ھاللىق تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان ئادەملىرىمىزنىڭ سۈكۈت ساقلاپ تۇرىشى ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، خەيىر- ئېھسان دېگەن- بۇ ئىختىيارىي، كۆڭۈلدىن چىقىرىپ بېرىدىغان نەرسە، لېكىن شۇندىمۇ قولدا خېلە بار تۇرۇپ، جىم تۇرۇۋېلىش ياخشى بولمىسا كېرەك.

مەن پېنسىيە پۇلۇمدىن ئىختىسات قىلىپ، سويۇملۇك گېزىتىمىزگە 3000 سوم ئىئانە قىلدىم. بۇ بىر زەررە بولسىمۇ، كوپكە تاۋا قىلىپ قوبۇل قىلارسىلەر. مەن ئايرىم ياشايدىغان بالىلىرىمنىمۇ بۇ خەيرلىك ئىشقا دەۋەت قىلىمەن.

## تەشەككۈرنامە

ۋەتەن، مىللەت مەنپىيىتى يولىدا مىللىي بايلىقىمىز بولغان گېزىتىمىزگە يار- يۆلەك بولۇش ئىزگۈ نىيىتى بىلەن قىلغان ئىئانە ئۈچۈن تۆۋەندە ئىسمى- شەرىپى ئاتالغان ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئىزهار قىلىمىز.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى.

بىشكېك شەھىرى توكۇلتاش مەھەللىسىدىن:

| | |
|---|---|
| زىياۋدۇن ئازراتوۋ | 1000سوم |
| ئەخمەتجان | 1000سوم |
| ئابدۇلېتىپ | 1000سوم |
| ئېكرام | 1000سوم |
| تەلەت | 1000سوم |
| رەپقەت | 1000سوم |
| ئىسمائىل | 1000سوم |
| ھېتاخۇن | 1000سوم |
| نودەر | 1000سوم |
| رەپقەت ئىبراھىم | 500سوم |
| ئابدۇقېيىم | 500سوم |
| رېھىمجان | 500سوم |
| شاۋكەت | 500سوم |
| ئابدۇئەزىز | 300سوم |
| ئابلىمىت ئىمىن | 400سوم |
| سەيدەگۈل | 300سوم |
| راھىلەم خېلىلوۋا | 1000سوم |
| پەرھات ئىبراھىم | 400سوم |
| ئابدۇھىمىت تاي | 300سوم |
| مۇزەپپەر | 300سوم |
| ئابدۇكېرىم | 300سوم |
| پاشاقىز ئوسمانوۋا | 200سوم |
| تاي ئوسمانوۋ | 200سوم |
| ئەخمەت | 100سوم |
| گۈلنىساخان | 200سوم |
| بارات ئەمەت | 200سوم |
| سابىرجان | 100سوم |
| ئارۇپ ھاجى | 200سوم |
| غوپۇرجان | 100سوم |
| روزى مەھەممەت | 200سوم |
| ئابدۇرېھىمجان | 3000سوم |
| مەھەممەتجان | 100سوم |

جەمئىي 16200 سوم.

ئىئانىنى ژىگىت بېشى زىياۋدۇن ژىققان.

* * *

| | |
|---|---|
| شەمشىدىن زائىتوۋ | 200سوم |
| نوغمانبەگ | 100سوم |
| باراتجان | 100سوم |
| ئارۇپجان | 200سوم |
| خەمت كەنجبايېۋ | 200سوم |
| يۇسۇپجان | 200سوم |
| كەرىمجان | 200سوم |
| ئابدۇمجىت | 200سوم |
| ئابدۇجېلىل | 200سوم |
| مەتنىيازئاخۇن | 100سوم |
| توختەم تۇردىيېۋ | 200سوم |
| ماھمۇتجان | 200سوم |
| سېيىتجان | 200سوم |
| ئەخمەتجان قاسىمى | 100سوم |
| ئابدۇلھىلىم | 100سوم |
| قۇرۋانجان | 200سوم |
| ماھمۇتجان كېبىروۋ | 200سوم |
| دىلشات كېبىروۋ | 100سوم |
| تۇرسۇن مەھەممەت | 100سوم |
| خوجاخمەت | 200سوم |
| نۇرمۇھەممەت | 100سوم |
| ئابلەت توختىيېۋ | 500سوم |
| مەھەممەت ئىمىن | 200سوم |
| سابىرجان | 150سوم |

جەمئىي 4250سوم.

ئىئانىنى ژىققان خەمت كەنجەبايېۋ، ئۇنى تاپشۇرغان گېزىتىمىزنىڭ شتاتتىن تاشقىرى مۇخبىرى سابىت ھاپىزىي.

## تەبرىكنامە

فاتىمە ھېزىموۋاغا!

(ئەمگەكچىقازاق ناھيەسى يېڭىشەر يېزىسى)



ئويۇمىزنىڭ تۈۋرۈكى، پەرزەنتلىرىنىڭ يولىكى، قۇتلۇق ئائىلىمىزنىڭ بېرىكىتى ۋە گۈلى مېھرىۋان غەمگۇزارىمىز سىزنى خۇش مۇبارەك 55ياش باھارىڭىز بىلەن چىن قەلبىمىزدىن سەممىي تەبرىكلەيمىز ۋە تېنىڭىزگە سالامەتلىك، ئۇزۇن ئومۇر تىلەيمىز.

تەبرىكلىگۈچىلەر: يولدىشى- نۇر مەھەممەت، پەرزەنتلىرى- ئەركىن- ناربىبان، ھاكىم- رەشىدە، دىلمۇرات- ئېلمىرا، ئەۋرىلىرى- ئىنجات، رامىلە، كامىلە، رىشات، بەختىيار، مۇنىرە، دەنالار.

